# سەجدە سەھۋە توغرىسىدىكى زۇلیەدەیىنىنىڭ ھەدىسى

ئەبۇ ھۇرەیرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە كەچلىك نامازدىن بىر نامازنى ئوقۇپ بەردى «ئىبنى سىيرىن: ئەبۇ ھۇرەیرە ئۇ نامازنىڭ ئىسمىنى ئېنىق دەپ بەرگەن، لېكىن مەن ئۇنتۇپ قالدىم، دېگەن» رەسۇلۇللاھ ئۇ نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى، ئاندىن تۇرۇپ مەسچىدتە توغرۇسىغا قويۇلغان بىر ياغاچقا يۆلىنىپ خۇددى غەزەپلەنگەن كىشىدەك ئولتۇردى ۋە ئوڭ قولىنى سول قولى ئۈستىگە قويۇپ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈردى. ئالدىرغانلار ناماز قىسقارتىلىپتۇ دېگىنىچە مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشتى، جامائەت ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا گەپ قىلىشتىن ئەيمەندى، كىشىلەر ئىچىدە قولى ئۇزۇن «زۇلیەدەیىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بار بولۇپ ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ سىلى ئۇنتۇلۇپ قالامدۇ ياكى ناماز قىسقارتىلدىمۇ؟ دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇنتۇلۇپمۇ قالمىدىم، نامازمۇ قىسقارتىلمىدى، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: زۇلیەدەیىن دېگەندەك ئىش بولدىمۇ؟ دېۋىدى، جامائەت: شۇنداق بولدى، دېدى. شۇئان رەسۇلۇللاھ ئالدىغا چىقىپ نامازنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان قىسمىنى ئوقۇپ سالام بەردى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ «بۇرۇنقى» سەجدىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ «بۇرۇنقى» سەجدىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇلار ئىبنى سىيرىندىن ئاندىن سالام بەردىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ، ئىمران ئىبنى ھۇسەیىن: ئاندىن سالام بەردى دېگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم، دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدىن ئەڭ ئەقىللىق، تەمكىن، سەۋرچان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان كىشىلەردۇر، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئىنسان دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقارقى سۈپەتلەردە ئەڭ ۋايىغا يەتكەن پەيغەمبەر. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىنسان بولغانلىقتىن بەزىدە ئۇنتۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىبادەتتە ئۇنتۇلۇپ قالغاندىكى ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەیرە رەسۇلۇللاھنىڭ بىر كۈنى ساھابىلەرگە پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى «ئەبۇ ھۇرەیرە ئېنىق ئىسمىنى دەپ بەرگەن، لېكىن ئىبنى سىيرىين ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالغان» نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپلا سالام بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىش مۇكەممەل بولمىسا كۆڭلى خاتىرجەم بولمايتتى، ئۇ كۆڭلىدە نامازنىڭ بىر يېرىدە نوقسان بولغانلىقىنى ھېس قىلدىيۇ قەيەردە بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىدنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى توغرۇسىغا قويۇلغان بىر ياغاچقا يۆلىنىپ خۇددى ئەندىشە قىلغان كىشىدەك ئولتۇردى ۋە بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈردى. ئالدىرغانلار بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسا كېرەك شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز قىسقارتىلىپتۇ دېگىنىچە مەسچىتتىن پىچىرلاشقاچ چىقىپ كېتىشتى. بەزىلەر پەيغەمبەرلىك ئورنىنى بۈيۈك بىلگەنلىكتىن ئۇنتۇلۇپ قېلىشنى يىراق سانىغان ئىدى، بەزىلەر تەپ تارتىپ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. ئۇلار ئىچىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىچى سىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ گەپ قىلالمىغان. بىراق ساھابىلەردىن «زۇلیەدەیىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ رەسۇلۇللاھتىن بۇ شەكىلدە سورىدى: نامازنى ئۇنتۇلۇپ قالامدۇ ياكى قىسقارتىلدىمۇ؟ دېدى. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئېھتىماللىقى بار بولغاچقا بىرىنى كېسىپلا دېمىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆيىغا ئاساسەن ھەر ئىككىلىسى بولمىدى دەپ جاۋاب بەردى. شۇ ۋاقىتتا «زۇلیەدەیىن» نىڭ ئىسىدە رەسۇلۇللاھ نامازنى كەم ئوقۇغانلىقى ئېنىق ئىدى، قىسقارتىلمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى، ئۇ: بەلكى ئۇنتۇلۇپ قالدىلا، دېدى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۆيلىمىغان ئىش بولغانلىقتىن ئۆز نۇۋىتىدە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى تەكتىلىمەكچى بولدى ۋە ساھابىلەردىن سوراپ: زۇلیەدەیىن دېگەندەك ئىش بولدىمۇ؟ مەن

نامازدىن ئىككى رەكەتنى ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ؟ دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە شاھىد، گۇۋاھچى ئىزدىدى. ساھابىلەر: شۇنداق بولدى، دېگەندە. رەسۇلۇللاھ مېھراپقا ئۆتۈپ قېپقالغان نامازنى ئوقۇدى، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئولتۇرغان ھالىتىدىلا ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ناماز ئىچىدىكى سەجدىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى، ئاندىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ سەجدىدىن تۇردى، ئاندىن يەنە تەكبىر ئوقۇپ ئىلگىرىكى سەجدىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى،ئاندىن تەكبىر ئوقۇپ سەجدىدىن تۇردى ۋە سالام بەردى قايتا تەشەھھۇد ئوقۇمىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4853